دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلغان بارلىق رەزىل سۇيىقەستلەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ

□ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى ياسىن سىدىق

شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتى ئائىلىسىنىڭ قان-قېرىنداش ئەزاسى، ھازىر، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىشلار ياخشىلىنىشقا قاراپ راۋاجلىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، گۈللەپ ياشنىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى. ھالبۇكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تېپىشىنى كۆرۈشنى خالىمىدى، شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى كۆرۈشنى خالىمىدى، ھە دېسىلا كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ، پاكىتنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، جۇڭگو شىنجاڭغا بوھتان چاپلىدى، قارا چاپلىدى. يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلىپ، يامان غەرەزدە داغ تەگكۈزدى، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مىزانىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. ئامېرىكىنىڭ بۇنداق ئوچۇقتىن-ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشىنى بىز كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز!

1990-يىلىدىن 2016-يىلىنىڭ يىل ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» جۇڭگو شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى (ۋەقەسى)نى پىلانلاپ سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مال-مۈلۈككە مۆلچەرلىگۈسىز زىيان سېلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. رېئال تەھدىت ئالدىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ، ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەڭ قوللىشى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ باھاسىغا ئېرىشىپ، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە تۆھپە قوشتى.

نۆۋەتتە، مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشى بىلەن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەت نامايان بولدى. جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇپ، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، بولۇپمۇ بىر رايوننىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان مۇھىتىنى نامايان قىلىدىغان «باروميتىر» — ساياھەتچىلىك ئۇدا ئۈچ يىل زور نىسبەتتە ئېشىش ۋەزىيىتىنى ساقلىدى. شىنجاڭغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئىقتىسادتا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 2018-يىلى، ئۈرۈمچى شەھىرى رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 7.8% ئېشىشى، مالىيە كىرىمىنىڭ 27.5% ئېشىشى، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرى پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 2.8% ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىقتىسادى داۋاملىق ياخشى تەرەققىي قىلىش ھالىتىنى ساقلىدى، رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، ئىستېمال، تاشقى سودا، پۇل مۇئامىلە، مال باھاسىنىڭ ئايلىنىشى مۇقىم بولدى، 3-كەسىپ، ئۆي-زېمىن، شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى تېز ئاشتى، كەسىپ قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ئەلالاشتى، مىقدار بىلەن سۈپەت تەڭ ئېشىشتەك تەرەققىيات ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى. شەھەر قۇرۇلۇشى كۈندىسېرى يېڭىلىنىپ، يول ئەسلىھەلەر ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى، شەھەر مۇھىتى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، زامانىۋىلاشقان خەلقئارا شەھەر بولۇشقا قاراپ پۇختا قەدەم بېسىلدى. خەلق تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلىنىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، خەلق تۇرمۇشىدا ئالدىن ھەرىكەتكە كېلىشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش باشتىن-ئاخىر گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلق تۇرمۇشى چىقىمى ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت چىقىمىنىڭ 70%تىن ئارتۇقىنى ئىگىلىدى، ھەر مىللەت شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ جەمئىيەت كاپالەت ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەربىيەلىنىش ھوقۇقى قاتارلىق جەمئىيەت ھوقۇقلىرى مىسلىسىز كاپالەتكە ئېرىشتى.

جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشى، ھەر مىللەت شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشى دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىل دۆلەت ئىكەنلىكى، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا قوللانغان تەدبىرى، بولۇپمۇ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇش جەھەتتە قوللانغان بىر قاتار پائال تەدبىرلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغانلىقى، ئامېرىكا تەرەپ ئېيتقاندەك «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش» مەسىلىسىنىڭ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بەردى.

بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولىدىكەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىقى بولىدىكەن، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، ئۇلارنىڭ بارلىق رەزىل سۇيىقەستى پاكىت ئالدىدا ئاخىر ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقانلىق بولۇپ، مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

---

(بېشى 7-بەتتە)

تاغ-دەريالىرى پارچىلىنىپ، خەۋپلىك ئەھۋالدا قالدى، نەچچە مىليونلىغان ئادەم مۇساپىرغا ئايلاندى، ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلدى؛ بىز يەنە شۇنى كۆردۇقكى، قىسمەن شياڭگاڭ ياشلىرى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇچراپ پايدىلىنىلىپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان «شەرقتىكى نۇرلۇق مەرۋايىت»نى خۇنۈكلەشتۈردى. بۇ بىر قاتار ئىشلاردا ئامېرىكىنىڭ ئالغان رولى تارىخنىڭ شەرمەندىچىلىك تۈۋرۈكىگە ئويۇلدۇ، ئامېرىكىنىڭ ياشلارنى سىياسىي قورال قىلىش، ياشلارنى قولچوماقچى قىلىش، زەمبىرەك يېمى قىلىش قىلمىشى كىشىگە خورلۇق ھېس قىلدۇردى. ھازىر ئامېرىكا ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىش»نى باھانە قىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قۇترىتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشتەك رەزىل مەقسەتكە يېتىشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىۋاتىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈپ، ئامېرىكىنىڭ رەزىل غەرىزىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى، بىز تەستە كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى قەدىرلىسەك، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار مەڭگۈ ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشتىكى سىياسىي قورالىغا ئايلىنىپ قالمايمىز!

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداشتىكى جەڭگىۋار قوشۇن ۋە زەربىدار ئەترەت، شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ گۇۋاھچىلىرى، قاتناشقۇچىلىرى، نەپكە ئېرىشكۈچىلىرى، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىمىز قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، بىز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبىمىزدىن يۈكسەك ئېتىراپ قىلىمىز! بىز ئېتىخارلانغان ھالدا دۇنياغا شۇنداق جاكارلايمىزكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتىدۇ، قەلبى پەخىرلىنىشكە تولدى! شىنجاڭدىكى كەڭ ياش ئىتتىپاق ئەزالىرى، ھەر مىللەت ياشلار مەڭگۈ پارتىيەنىڭ سادىق ياردەمچىسى ۋە سادىق زاپاس قوشۇنى بولىدۇ، مەڭگۈ ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولىدۇ، ئامېرىكىنىڭ «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» سۇيىقەستىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

---

# ياخشى تۇرمۇشىمىزنى قەدىرلەيلى

□ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى غەيرەت ئاسىم

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش «2019-يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاشتىكى مەقسىتى شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىپ، جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈش قەدىمىنى ئاستىلاتماقچى بولغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھەتتا ئۆز دۆلىتىدىكى يەرلىك ئاھالە، رەڭلىك ئىرق، ئاز سانلىق ئۇرۇقداشلىقلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلالمايدۇ-يۇ، ياخشى نىيىتى بىلەن جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي قوغدامدۇ؟ شىنجاڭدا تۇغۇلغان، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايمەن، ئۇ پەقەت ئامېرىكىلىقلارنىڭ سانسىز قېتىم تەكرارلىغان باشقا دۆلەتلەرنى قالايمىقان قىلىشتىكى كىچىك ھىيلە-نەيرىڭىدىن ئىبارەت. ئەمما، مەن غەربنىڭ بۇ ۋىجدانسىز تاراتقۇلىرى ۋە جۇڭگوغا قارشى سىياسەتۋازلارنىڭ شىنجاڭغا قايتا-قايتا قارا چاپلىشىغا ھەرگىزمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن.

مەن كۆپچىلىككە كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ھەقىقىي ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي. بۇ يىل كۈزدىكى بىر كەچقۇرۇن، دوستۇمنىڭ ھەمراھلىقىدا، بىز مول، رەڭدار قەشقەر قەدىمىي شەھىرىدە سەيلە قىلدۇق، دوستۇم مېنى يول بويىدىكى بىر قەدىمىي ئۇسلۇبتىكى ناخشا-ئۇسسۇل چايخانىسىغا باشلاپ كىردى. چايخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىچىدە شەمشىنۇر ئىسىملىك بىر قىز بار بولۇپ، ئۇسسۇلنى بەك چىرايلىق ئوينىدى، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا چاۋاك چالدى. دوستۇم بىر نەچچە ئېغىز گەپ سوراپ، ئۇنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى تەلىم-تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگەن تەربىيەلەنگۈچى ئىكەنلىكىنى، بۇ يىل 22 ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلدى. تەلىم-تەربىيە مەركىزىدە، ئۇ قانۇن بىلىملىرى، دۆلەت ئورتاق تىلى ۋە ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپتۇ، ئادەم بولۇش، ئىش قىلىشنىڭ نۇرغۇن داۋللىرىنى چۈشىنىپتۇ. ھازىر، شەمشىنۇرنىڭ تاكسى ھەيدەيدىغان بىر ئوغۇل دوستى بار بولۇپ، يىگىت ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئۇ: ئارزۇيۇم ئازراق پۇل يىغىپ بىر ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئېچىش، دېدى. تەلىم-تەربىيە مەركىزىدىكى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆزىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش ئەمدى بېكىنىۋالمايدىغان بولغانلىقى، «پەقەت ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئىدىيەسىنى ئۈزلۈكسىز موللاشتۇرۇپ، ماھارىتىنى ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن بەختلىك تۇرمۇش يارىتالايدىغانلىقى»دەك داۋلىنى چۈشەنگەنلىكى ئىكەن. ئۇ مۇنداق دېدى: «دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ ماڭا كۆرسىتىپ بەرگىنى بىر ھالاكەت يولى بولدى. تەلىم-تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، ھەقىقىي ئۆزۈمنى بايقىدىم، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش يولۇمنى تاپتىم. مەن چىن قەلبىمدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مېنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن».

تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى نۇرمەمەت ئابلىز بىر سودىگەر بولۇپ، قەشقەر قەدىمىي شەھىرىدىكى بىر دورا دۇكىنىنىڭ لاۋبەنى، ئۇ ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ تەلىم-تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىشتىكى ئەڭ زور ھاسىلاتى ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكى، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان پۇقرا بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنگەنلىكى ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ دۆلەتنىڭ نۇرغۇن قانۇن-نىزاملىرىنى ئۆگىنىپتۇ، تەربىيەنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سودا قىلغاندا تېخىمۇ قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇ تەلىم-تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشتىن بۇرۇن، دورا دۇكىنى ئاران 60 كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن، ھازىر ئۇ 200 كۋادرات مېتىرلىق بىر دۇكان ئاچقان بولۇپ، بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ كەسپىنى كېڭەيتىشكە تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلانغاندا، ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملىنىشىدىكى سەۋەبىنىڭ دەل ئۆزىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ ئوقۇپ بولالمىغانلىقى، بىلىمسىزلىكى، ھەق-ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ھازىر ئەڭ كۆپ ئويلايدىغىنى، بالىسىنى ئەڭ ياخشى مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، بالىسىنىڭ ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە چىقىشىنى قوللاپ، بالىسىنى پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش توغرا يولدا مېڭىپ، كەلگۈسى سەگەك، دۆلەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇشقا يېتەكلەش ئىكەن.

دوستۇمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، تەلىم-تەربىيە مەركىزىدە خىزمەت قىلىدىغان بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى بىلەن تونۇشتۇم، ئايتىللا توختاسۇن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى. ئۇ مەندە قىزغىن، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، قەلبىدىن بىر خىل قەيسەرلىك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تەسىرات قالدۇردى. ئۇ تەلىم-تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگىتىپتۇ، يەنە مۇزىكا دەرسىمۇ ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئاساسلىقى يېزىلاردىن كەلگەن بولۇپ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، بەزىلىرىنىڭ «زەھەرلىنىش»ى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن. ئۇلارنىڭ بالدۇرراق دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ تۇمانلىرىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، ھەربىر تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ئىدىيەسىدىكى ئۆزگىرىشكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەربىر تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىلگىرىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا مېھىر-مۇھەببەت بىلەن ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلارنى يېتەكلەپ، ئۇلارنى ئىدىيەۋى يۈكتىن تەلتۆكۈس خالاس قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىپتۇ. مەسىلەن، بىر قىسىم تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلنى ياخشى كۆرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇلارغا ئاز-ئازدىن نوتا ئۆگىتىپ، ئۇلارنى بىر قەدەم بىر قەدەمدىن مۇزىكا دۇنياسىغا باشلاپ كىرىپتۇ، ئۇلارنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئوقۇتقۇچىلاردا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى بوپتۇ. ماھىنۇر بىر نازاكەتلىك ئايال ئوقۇتقۇچى بولۇپ، گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە تەربىيەلەنگۈچىلەرگە بولغان قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان چوڭقۇر ھېسسىيات نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇ ۋە خىزمەتداشلىرى كونكرېت ئوقۇتۇش پىلانى تۈزۈپ، پىنيىندىن باشلاپ ئۆگىتىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاپتۇ. «بۇ جەرياندا ناھايىتى سەۋرچان بولۇشىمىز، بىرمۇ تەربىيەلەنگۈچىدىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك» دېدى ماھىنۇر. دەسلەپتە، سىنىپتا 40 نەچچە تەربىيەلەنگۈچى بولۇپ، بەزى تەربىيەلەنگۈچىلەر باشلانغۇچ مەكتەپكىچە ئوقۇغان، بەزى تەربىيەلەنگۈچىلەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇغان بولغاچقا، ئاساسى تەكشى ئەمەس ئىكەن؛ يەنە بەزى تەربىيەلەنگۈچىلەردە قارشىلىشىش كەيپىياتى بار بولۇپ، ئوقۇتۇشقا ماسلاشمايدىكەن. ماھىنۇر ئۇلار بىلەن سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدىكى تۈگۈننى تەھلىل قىلىپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئاپتۇ. تەربىيەلەنگۈچىلەر ئەستايىدىل ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇلار ناھايىتى تېزلا بىلىم ۋە ماھارەت ئىگىلەپ، بىلىمنىڭ كۈچىنى ھېس قىپتۇ. «مەن شۇنداق قارايمەنكى، تەلىم-تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ توغرا قىپتىمەن، بۇ تەربىيەلەنگۈچىلەرگە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالىغانلىقىم ھاياتىمدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ ئىپتىخارلىنىدىغان ئىش» دېدى ماھىنۇر ئەستايىدىل ھالدا.

بىر مەزگىلدىن بۇيان، غەربتىكى بىر قىسىم تاراتقۇلار ۋە بىر قىسىم سىياسەتۋازلار بىز قانۇن بويىچە ئاچقان تەلىم-تەربىيە مەركىزىگە قارا چاپلاپ، بىز دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىك رەك خىلاپ جىنايىتى بار ياشلارنى تەربىيەلەيدىغان، قۇتقۇزىدىغان، ياردەم بېرىدىغان-يۆلەيدىغان تەلىم-تەربىيە مەركىزىنى «جازا لاگېرى» دەپ ئاتىدى. مېنىڭچە، بۇ خۇددى بىر مۈگدەپ قالغان ئادەمنىڭ جۆيلۈشىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار بازارغا سالغان ئاتالمىش «جازا لاگېرى»غا قارىتا، چەت ئەللەردىكى سىياسىيونلار، تاراتقۇلار، مۇتەخەسسىس-ئالىملار ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن جاۋاب بىلەن تەمىنلىدى. مەسىلەن، كورېيە رېنچۈەن داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى چىقارغان يەكۈن بىزنىڭ «پەرق بولسىمۇ ئىناق ئۆتۈش»تەك ئىدارە قىلىش ئىدىيەمىز، «گۈلنىڭ ھىدى 100 چاقىرىمغا، ئادەمنىڭ ھىدى 10 مىڭ چاقىرىمغا يېتەر» دېگەندەك ئوچۇق يۈنىلىشلىك ئۈنۈمىمىزدىن ئىبارەت. نېمە ئۈچۈن بۇ خىل تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باھا بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى پەقەت ئەزەلدىن غەربتىكى سىياسەتۋازلارنىڭ رەڭلىك كۆزەينەك بىلەن جۇڭگوغا قارىغانلىقى، شۇنداقلا بىر خىل ھازىرقى زامان نۇسخىسىدىكى ساراڭلارچە جۆيلۈگەنلىكى. روشەنكى، جۇڭگو ئىقتىسادى، جەمئىيىتىدىكى غايەت زور تەرەققىيات، ئىلگىرىلەش بۇ كىشىلەرنىڭ نېرۋىسىغا تەگكەن.

باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىنى قارىغۇنىڭ پىلنى سىلىغانلىقىدەك قالايمىقان سۆزلىشى غەرب تاراتقۇلىرى ۋە جۇڭگوغا قارشى سىياسەتۋازلارنىڭ ئادەتلەنگەن ھىيلە-نەيرىڭى بولۇپ، مەقسىتى باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشىنى ئۈمىد قىلماسلىق. بۇنىڭغا قارىتا، بىزدە سەگەك تونۇش بولۇشى كېرەك. بىر تەرەپتىن، بىز شىنجاڭدىكى تەلىم-تەربىيە مەركىزىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى پۈتۈن دۇنياغا ئۇقتۇرۇپ، يالغان سۆزنى پاكىت ئالدىدا ئۆز-ئۆزىدىن تارمار قىلىشىمىز كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بىز ئىرادىنى ساقلاپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھازىرقى تەستە قولغا كەلگەن مۇقىم، بەختلىك تۇرمۇشىنى ھەسسىلەپ قەدىرلىشىمىز كېرەك، يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ «نېرۋىسى ئاغرىسا» ئاغرىۋەرسۇن.